# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2021 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پەن تەتقىقات خادىملىرىدىن مەھەللە خىزمەتچىلىرىگىچە، پىدائىيلاردىن قۇرۇلۇشچىلارغىچە، 70 ياشلىق بوۋاي ـ مومايلاردىن «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان»، «2000 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» ياش بىر ئەۋلادقىچە، سانسىزلىغان كىشى ھاياتى ئارقىلىق بۇرچنى ئادا قىلىشقا ئاتلىنىپ، سەممىي مۇھەببىتى ئارقىلىق ئاۋامنى قوغداپ، تامچە كۈچتىن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھاياتلىقنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلدى. ھەققانىيەت يولىدىن قايتمىغان ھەربىر سىيما، قېرىنداشلارچە كۈچ ئۇلاشلار، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان مەنزىرىلەر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى جانلىق نامايان قىلدى. ئاددىيلىق ئۇلۇغلۇقنى بارلىققا كەلتۈردى، قەھرىمانلار خەلق ئارىسىدىن چىقتى. ھەربىر كىشىنىڭ ھەممىسى قالتىس! بەختكە قارشى يۇقۇملىنىپ قالغان بارلىق ئاغرىقلاردىن ھال سورايمەن! بارلىق ئاددىي قەھرىمانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! مەن ئۇلۇغ ۋەتىنىم ۋە خەلقىمدىن پەخىرلىنىمەن، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مىللەت روھىدىن ئىپتىخارلىنىمەن!

پەقەت جاپا ـ مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەندە، باتۇرلۇق ـ قەيسەرلىك ئاندىن نامايان بولىدۇ، ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن. بىز يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. «13 ـ بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «14 ـ بەش يىل»نى ئومۇميۈزلۈك پىلانلىدۇق. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى چوڭقۇر يولغا قويدۇق. دۆلىتىمىز دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئىچىدە مۇسبەت ئېشىشنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇردى، مۆلچەرلىنىشچە، 2020 ـ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 100 تىرىليون يۈەنلىك يېڭى پەللىگە قەدەم قويىدۇ. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا «ئۇدا 17 يىل مول ھوسۇل ئېلىش»تەك خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتۇق. «تيەنۋېن 1 ـ نومۇر»، «چاڭئې 5 ـ نومۇر»، «فېندوۋجې» ناملىق قاتارلىق ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە مۇھىم، زور بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنى جۇش ئۇرۇپ قانات يايدۇردۇق. بىز يەنە ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇردۇق، كەڭ ئارمىيە، خەلق خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، تىرىشىپ زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. مەن 13 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردە تەكشۈرۈشتە بولغاندا شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۈمكى، كۆپچىلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپتۇ، پايانسىز جۇڭگو زېمىنى ئىشەنچكە تولۇپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، چىداملىقلىققا تولۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مەنزىرە بارلىققا كېلىپتۇ.

2020 ـ يىلى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. بىز ئېغىر نامراتلىق قورغىنىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، يېڭىش ئەڭ تەس بولغان «قاتتىق قېيىنچىلىق»نى يەڭدۇق. سەككىز يىل سەرپ قىلىپ، ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 100 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردۇق، 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەركەزلىك تۇتاش 14 ئالاھىدە نامرات رايونغا باردىم، يۇرتداشلارنىڭ يۈگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشىدەك جاسارەت بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقى، كەڭ نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئاتلانغانلىقى دائىم كاللامدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بىز يەنە قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، پۇختا، ئەستايىدىل ھالدا غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ گۈزەل يۈكسەك رەسىمىنى تىرىشىپ سىزىپ، ئورتاق بېيىش نىشانىغا قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

بۇ يىل، بىز شىنجېن قاتارلىق ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى، شاڭخەي پۇدۇڭنى ئېچىش ـ ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدۇق. باھار دولقۇنى مەۋج ئۇرۇۋاتقان نەنخەي دېڭىز ساھىلى، گۈزەل، رەڭدار خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويى كىشىنى ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمدۈردى، ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەشكە ئايلاندى، يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش يېڭىلىق يارىتىپ يېتەكلەشكە ئايلاندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى ياراتتى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ «باھار ھېكايىسى»نى داۋاملىق يېزىش كېرەك.

ھەققانىيەت يولىدا ماڭغانلار يالغۇز قالمايدۇ، جاھاندىكىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى. بىر يىلدىن بۇيانقى بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. مەن خەلقئارادىكى كونا ـ يېڭى دوستلار بىلەن كۆپ قېتىم تېلېفونلاشتىم، كۆپ مەيدان «بۇلۇت يىغىنى»غا قاتناشتىم، بىر ياقىدىن باش چىقىرىش، ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە ئەڭ كۆپ توختالدىم. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ۋەزىيەت ئېغىر، يول يىراق. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى قول تۇتۇشۇپ، قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، يۇقۇم تۇمانىنى بالدۇرراق تارقىتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ گۈزەل يەر شارى يۇرت ـ ماكانىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

2021 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. 100 يىللىق مۇساپە قايىنام ـ تاشقىنلىققا تولدى، 100 يىللىق ئەسلىي مەقسەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى. شاڭخەيدىكى شىكۇمېندىن جياشىڭدىكى نەنخۇغىچە، بىر كىچىك قىزىل كېمە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى، مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى زىممىسىگە ئېلىپ، جەددىي ئېقىن، خەتەرلىك ساھىللاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دەھشەتلىك دولقۇنلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا يول باشلايدىغان ھەيۋەتلىك غايەت زور پاراخوتقا ئايلاندى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۆڭۈلگە پۈكۈش دەل 100 يىللىق سالاپەت. بىز خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، يەلكەن چىقىرىپ يىراققا يۈرۈش قىلساقلا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

«ئىككى 100 يىل»نىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات ئارىدا باشلىنىدۇ. يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ. بىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، تاغ ـ دەريالاردىن بېسىپ ئۆتىمىز. بىز يەنە داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك!

مۇشۇ پەيتتە، رەڭگارەڭ چىراغلار چاقنىدى، ھەممە ئائىلە جەم بولدى. يېڭى يىل يېتىپ كېلىش ئالدىدا، تاغ ـ دەريالارنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىككە تولۇشىنى، دۆلەتنىڭ تىنچ ـ ئامان، خەلقنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى تىلەيمەن! ھەممەيلەننىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، خەيرلىك بولۇشىنى، تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل بولۇشىنى تىلەيمەن!

كۆپچىلىككە رەھمەت!

# جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئۆزئارا يېڭى يىللىق تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭىلىق يارىتىش يىلىنى باشلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتىكى ئىككى تەرەپلىك ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشتا يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئىككى دۆلەت دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشتى. بۇ بىر يىلدا، مەن زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن كۆپ قېتىم تېلېفونلىشىپ، بىر قاتار كۆپ تەرەپلىك سىنلىق باشلىقلار يىغىنىغا بىرلىكتە قاتنىشىپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى ۋە مۇھىم، زور خەلقئارا، رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يېڭى، مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدۇق، مەن بۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان 2021 ـ يىلى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىككى تەرەپ «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چۆرىدەپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش ئىدىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى مەنزىل پىلانلاپ، يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. مەن تۈرلۈك شەكىل ئارقىلىق زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، ئىككى تەرەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ زور بەخت ـ سائادەت يارىتىشنى، داۋالغۇپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنياغا تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ قوشۇشنى خالايمەن.

پۇتىن تەبرىك تېلېگراممىسىدا رەئىس شى جىنپىڭنى يېڭى يىلنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلىدى، بارلىق جۇڭگو خەلقىگە خەيرلىك، ئامانلىق تىلىدى. پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر يىلدا، رۇسىيە ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى سىجىل، تېز تەرەققىي قىلدى، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتلىرى ھەم ھەرقايسى تارماقلار قويۇق ئالاقىنى ساقلىدى، كۆلىمى زور بولغان رۇسىيە ـ جۇڭگو پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىلى پائالىيىتى ئوڭۇشلۇق قوزغىلىدى، ئىككى تەرەپ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، يۇقىرى سەۋىيەدە يۈرۈشنى ساقلىدى. ئىككى تەرەپ زىچ ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، رايون ۋە خەلقئارا قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رامكىسى ئىچىدە بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلاشتى. كېلەر يىلى، بىز «رۇسىيە ـ جۇڭگو ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز، ئىككى تەرەپنىڭ شەرتنامىنىڭ روھىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە يېڭى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ رۇسىيە زۇڭلىسى مىشۇستىن بىلەن ئۆزئارا يېڭى يىللىق تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت يۇقۇمنىڭ تەسىرى ۋە تاشقى خىرىسنى تىرىشىپ يېڭىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقتا پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ رۇسىيە زۇڭلىلىرىنىڭ 25 ـ قېتىملىق قەرەللىك ئۇچرىشىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. مەن زۇڭلى مىشۇستىن بىلەن ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرىنىڭ قەرەللىك ئۇچرىشىش مېخانىزمىنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنىڭ سىجىل ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن. مىشۇستىن تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: رۇسىيە ـ جۇڭگو زۇڭلىلىرىنىڭ قەرەللىك ئۇچرىشىش مېخانىزمىنىڭ يېڭى بىر يىلدا ئىككى تەرەپنىڭ بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان 2021 ـ يىلدا، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەيمىز، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايمىز. بىز جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەختىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان 100 يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇساپىسىنى ئېسىمىزدە چوڭقۇر، چىڭ ساقلاپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىدىغان جان تىكىپ ئىلگىرىلەش روھى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان چىداملىقلىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولىدىغان، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىدىغان سەگەك كاللىنى مەڭگۈ ساقلاپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدىغان، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش چىداملىقلىقىنى مەڭگۈ ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىغا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلارغا، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش ئەترىتىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارغا، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى دوستلارغا بايراملىق سالام يوللىدى ۋە سەممىي بەخت تىلىدى، كۆپچىلىكنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى، چىگىش، مۈرەككەپ خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ئالدىدا، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۇق، ئېغىر كەلكۈن ـ ھۆلچىلىك ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرى، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملىدۇق، مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرى، مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلاردىن ئارقا ـ ئارقىدىن خۇش خەۋەرلەر تارقالدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە يېڭى بىر چوڭ قەدەم تاشلىدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2020 ـ يىلى، بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان 50 نۇقتىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ۋە باشقا 75 ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدۇق، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار 143 ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، ھەرقايسى تەرەپلەر 268 ئىسلاھات لايىھەسىنى چىقاردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغان يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەر جەمئىي 2485 ئىسلاھات لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلاھات نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن قەرەلىدە تاماملىدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى، بىز «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈردۇق. بىز بىر جۇڭگو پرىنسىپى ۋە «92 ـ يىل ئورتاق تونۇشى»دا چىڭ تۇرۇپ، تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدىدۇق. بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق، زومىگەرلىك تەتۈر ئېقىمىغا تاقابىل تۇردۇق، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇپ ھەم قاتنىشىپ، يەر شارىۋى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى كېسەل ئالۋاستىسىغا تاقابىل تۇرۇش، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2020 ـ يىلنى ئەسلىسەك، سەپىرىمىز جاپا ـ مۇشەققەتكە تولغان بولسىمۇ، كۈرەش نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو كۈچىنىڭ تولۇق نامايان قىلىنىشى. ئەمەلىيەت شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ خەلق، باتۇر خەلق، چوقۇم كىشىلەر يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان جاھان مۆجىزىلىرىنى داۋاملىق يارىتالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر يىلدىن بۇيان، خەلق سىياسىي كېڭىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى بىر يىلدا، خەلق سىياسىي كېڭىشى غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈمى ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى بىر نىيەتتە ئويلايدىغان، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىشىش، بۈيۈك بىرلىشىش ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.

چاي سۆھبىتىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: بىز چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، بىرلىك سەپ ۋە خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ياخشى ئىشلىشىمىز، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قوزغىتىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىپ، «14 ـ بەش يىل» لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈپ يولغا قويۇشنى چىڭ كۆزلەپ كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىرىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى ئەۋزەل رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ۋە ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىمىز كېرەك.

تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۇ خۈي ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مەۋقەنى «14 ـ بەش يىل»نى باشلاش، قەدەم ئېلىش يىلىغا قويۇپ، يېڭى مۇساپىگە بىر نىيەت، بىر يۈنىلىشتە كۈچ قوشۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

چاي سۆھبىتىدە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ قىسمەن ئەزالىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئېسىل نومۇرلارنى ئورۇنلىدى، يىغىن مەيدانى خۇشال ـ خۇرام، ئىجىل ـ ئىناق بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەندىكى قىسمەن رەھبىرىي يولداشلار، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئىلگىرى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بېيجىڭدىكى پېشقەدەم يولداشلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى.